السنّة النبوية وعلومها
www.sunnah.global

# ئاللاھ تائالا جەننەت ۋە دوزاخنى پەيدا قىلغان ۋاقىتتا جىبرائىل ئەلەيھىسسالامنى

ئەبۇ ھۈرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن بايان قىلىنغان ھەدىستە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: ئاللاھ
تائالا جەننەت ۋە دوزاخنى پەيدا قىلغان ۋاقىتتا جىبرائىل ئەلەيھىسسالامنى جەننەتكە ئەۋەتىپ مۇنداق دېدى:
سەن جەننەتكە ۋە جەننەت ئەھلى ئۈچۈن جەننەتتە تەييارلانغان نەرسىلەرگە قاراپ باققىن دېدى، جىبرائىل
ئەلەيھىسسالام جەننەتكە قاراپ بېقىپ قايتىپ كېلىپ: سېنىڭ ئىززىتىڭ بىلەن قەسەمكى! جەننەتنى ئاڭلىغان
كىشى جەننەتكە كىرىدىكەن دېدى، ئاللاھ تائالا جەننەتنىڭ ئەتراپىنى ئىنسانغا قىيىن بولىدىغان كۆڭلى خالىمايدىغان
ئىشلار بىلەن ئورىۋېتىشكە بۇيرىدى، جىبرائىل ئەلەيھىسسالامنى: سەن جەننەتكە بېرىپ جەننەتكە ۋە جەننەت
ئەھلى ئۈچۈن جەننەتتە تەييارلانغان نەرسىلەرگە قاراپ باققىن دېدى، جىبرائىل ئەلەيھىسسالام جەننەتكە بېرىپ
قارىسا، جەننەتنىڭ ئەتراپى ئىنسانغا قىيىن بولىدىغان كۆڭلى خالىمايدىغان ئىشلار بىلەن ئورىۋېتىلگەن، جىبرائىل
ئەلەيھىسسالام قايتىپ كېلىپ: سېنىڭ ئىززىتىڭ بىلەن قەسەمكى! ھېچ بىر ئىنساننى جەننەتكە كىرەلمەي
قالامدىكىن دەپ ئەنسىرەيمەن دېدى، ئاللاھ تائالا جىبرائىل ئەلەيھىسسالامنى دوزاخقا ئەۋەتىپ مۇنداق دېدى:
سەن دوزاخقا ۋە دوزاخ ئەھلى ئۈچۈن دوزاختا تەييارلانغان نەرسىلەرگە قاراپ باققىن دېدى، جىبرائىل
ئەلەيھىسسالام دوزاخقا قارىسا دوزاخنىڭ بەزىسى بەزىسىگە كىرىشىپ كەتكەن، قايتىپ كېلىپ: سېنىڭ ئىززىتىڭ
بىلەن قەسەمكى! دوزاخنى ئاڭلىغان ھېچ كىشى دوزاخقا كىرمەيدۇ دېدى، ئاللاھ تائالا دوزاخنىڭ ئەتراپىنى
ئىنساننىڭ كۆڭلى تارتىدىغان ۋە مايىل بولىدىغان ئىشلار بىلەن ئورىۋېتىشكە بۇيرىدى، ئاللاھ تائالا جىبرائىل
ئەلەيھىسسالامنى قايتىدىن دوزاخقا قاراپ باققىن دېدى، جىبرائىل ئەلەيھىسسالام دوزاخقا قارىسا، دوزاخنىڭ
ئەتراپى ئىنساننىڭ كۆڭلى تارتىدىغان ۋە مايىل بولىدىغان ئىشلار بىلەن ئورىۋېتىلگەن، قايتىپ كېلىپ: سېنىڭ
ئىززىتىڭ بىلەن قەسەمكى! ھېچ بىر كىشىنىڭ دوزاختىن قۇتۇلالماي ھەممىسى كىرىپ كىتەمدىكىن دەپ
ئەنسىرەيمەن دېدى».

ھەسەن(ھەدىسنى سەھىھ قىلىدىغان تۆت شەرتى تولۇق بولۇپ بەشىنچى شەرتىدە مەسىلە بولسا ھەسەن بولىدۇ)] [رواه أبو داود
والترمذي والنسائي]

ئاللاھ تائالا جەننەت بىلەن دوزاخنى پەيدا قىلغان ۋاقىتتا جىبرائىل ئەلەيھىسسالامنى: سەن جەننەتكە بېرىپ جەننەتكە قاراپ باققىن دېدى، جىبرائىل ئەلەيھىسسالام جەننەتكە قاراپ بېقىپ قايتىپ كەلدى، پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام بۇنىڭدىن خەۋەر بەردى. جىبرائىل ئەلەيھىسسالام : ئى رەببىم ! سېنىڭ ئىززىتىڭ بىلەن قەسەمكى، جەننەتنى ۋە جەننەتتىكى نېئمەت، ياخشىلىق، ئېسىل نەرسىلەرنى ئاڭلىغان ھەر قانداق كىشى جەننەتكە كىرىشنى ياقتۇرىدۇ ۋە بۇنىڭ ئۈچۈن ئەمەل قىلىدۇ دېدى. ئاندىن ئاللاھ تائالا جەننەتنى ۋە جەننەت ئەتراپىنى ئىنسانغا قىيىن بولغان ۋە كۆڭلى تارتمايدىغان قىيىن ئىشلارنى قىلىش ۋە كۆڭلى تارتىدىغان چەكلىمىلەردىن ساقلىنىش قاتارلىق ئىشلار بىلەن ئورىۋېتىشكە بۇيرىدى، جەننەتكە كىرىشنى مەقسەت قىلغان كىشى مۇشۇ ئىشلاردىن ئۆتۈپ كېتىشى كېرەك. ئاندىن ئاللاھ تائالا جەننەت ئەتراپىنى ئىنسانغا قىيىن بولغان ۋە كۆڭلى تارتمايدىغان ئىشلار بىلەن ئورىۋەتكەندىن كېيىن: ئى جىبرائىل! بېرىپ جەننەتكە قاراپ باققىن دېدى. جىبرائىل ئەلەيھىسسالام بېرىپ جەننەتكە قاراپ بېقىپ قايتىپ كېلىپ: ئى رەببىم ! سېنىڭ ئىززىتىڭ بىلەن قەسەمكى، جەننەتكە كېتىدىغان يوللاردىكى قىيىنچىلىق ۋە جاپا-مۇشەققەتلەر سەۋەبىدىن ھېچ بىر كىشىنى جەننەتكە كىرەلمەي قالامدىكىن دېپ ئەنسىرەيمەن دېدى. ئاللاھ تائالا دوزاخنى پەيدا قىلغان ۋاقىتتا جىبرائىل ئەلەيھىسسالامنى : سەن دوزاخقا بېرىپ قاراپ باققىن دېدى، جىبرائىل ئەلەيھىسسالام دوزاخقا بېرىپ ئۇنىڭغا قارىدى. ئاندىن جىبرائىل ئەلەيھىسسالام قايتىپ كېلىپ: ئى رەببىم! سېنىڭ ئىززىتىڭ بىلەن قەسەمكى، دوزاختىكى ئازاب-ئوقۇبەت، دەرت-ئەلەملەرنى ئاڭلىغان ھەرقانداق كىشى ئۇنىڭغا كىرىشنى خالىمايدۇ ۋە

ئۇنىڭغا كىرىشكە سەۋەپ بولىدىغان ئىشلاردىن يىراق بولىدۇ دېدى. ئاندىن ئاللاھ تائالا دوزاخنىڭ ئەتراپىنى ئىنساننىڭ كوڭلى مايىل بولىدىغان سەۋەپلەر بىلەن ئورىدى، نەپسى شەھۋەتلىرى ئىختىيار قىلىدىغان ئىشلارنى ئۇنىڭغا يېتىدىغان يول قىلدى، ئاندىن : ئى جىبرائىل! دوزاخقا بېرىپ قاراپ باقىن دېدى. جىبرائىل ئەلەيھىسسالام دوزاخقا بېرىپ قاراپ، قايتىپ كېلىپ: ئى رەببىم! سېنىڭ ئىززىتىڭ بىلەن قەسەمكى، دوزاخ ئەتراپىدىكى ئىنساننىڭ كۆڭلى تارتىدىغان نەپسى مايىل بولىدىغان لەززەتلەر سەۋەبىدىن ھېچ بىر كىشىنى دوزاختىن قۇرتىلالمامدىكىن دەپ ئەنسىرەپ قورقۇۋاتىمەن دېدى.

https://www.sunnah.global/hadeeth/ug/show/65034